دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر

# كۆكۇيۇن

ئې . ل . ۋوينىچ



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر

ئې . ل . ۋوينىچ (ئىرېلاندىيە)

# يۇن



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

牛虻/(爱尔兰)伏尼契著；吐尔逊·买合苏提译.—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2006.3
ISBN 7—228—09940—0

Ⅰ.牛… Ⅱ.①伏… ②吐… Ⅲ.长篇小说—爱尔兰—近代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I562.44

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 023569 号

责任编辑：穆纳尔江·托合塔洪
责任校对：古丽夏尔·尼格买提
封面设计：米尔扎提·阿布都拉·塔吉

**牛虻**（维吾尔文）
〔爱尔兰〕伏尼契 著
吐尔逊·买合苏提 译

---

**新疆人民出版社出版**
（乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮编：830001）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
880×1230 毫米 32 开本 14.625 印张 2 插页
2006 年 4 月第 2 版 2006 年 4 月第 1 次印刷
印数：1—1000

---

ISBN 7—228—09940—0 定价(精装):31.00 元

بۇ كىتاب جۇڭگو ياشلار نەشرىياتىنىڭ 1978 - يىلى 8 - ئاي 1 - نەشرى، بېيجىڭ 11 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据中国青年出版社一九七八年八月第一版,北京第十一次印刷本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى : مۇنارجان توختاخۇن
مەسئۇل كوررېكتورى : گۈلشەھەر نېغمەت
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى : مىرزات ئابدۇللا تاجى

# كۆكۈيۈن

ئاپتورى : ئې . ل . ۋوينىچ (ئىرېلاندىيە)
تەرجىمە قىلغۇچى : تۇرسۇن مەخسۇت

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348 )
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 880×1230 مىللىمېتىر ، 1/32
باسما تاۋىقى :14.625 قىستۇرما ۋارىقى : 2
2006 - يىلى 4 - ئاي 2 - نەشرى
2006 - يىلى 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى : 1—1000
ISBN 7—228—09940—0
باھاسى (قاتتىق مۇقاۋىلىق) : 31.00 يۈەن

# قىسقىچە مەزمۇنى

19 ـ ئەسىردىكى ئىتالىيە مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ناھايە-
تى نۇرغۇن ئىرادىلىك ۋەتەنپەرۋەرلەرنى مەيدانغا كەلتۈردى . بۇ
روماندا ئەنە شۇ ئىرادىلىك ۋەتەنپەرۋەرلەر ھەققىدىكى ھېكايە تېما
قىلىنغان . ئاپتور رومانىنىڭ باش قەھرىمانى كۆكىيۇندىن ئىبارەت
بۇ ئوبراز ئارقىلىق ، ئەينى زاماندىكى ئاشۇ ئىرادىلىك ۋەتەنپەرۋەر-
لەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى ۋە ئىنقىلابىي قىزغىنلىقىنى چوڭقۇر ئى-
پادىلەپ ، بۇ ئەسەرگە ئىنقىلابىي قەھرىمانلىقنى سىڭدۈرگەن .
كۆكىيۇنىنىڭ ئىتالىيە خەلقى ئۈچۈن ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە بەرداش-
لىق بەرگەنلىكى ۋە قەھرىمانلارچە قۇربان بولغانلىقى تەسۋىرلەنگەن
قىسمىنى بۇ رومانىنىڭ ئەڭ ئېسىل ۋە ئەڭ تەسىرلىك سەھىپىسى
دېيىشكە بولىدۇ . كۆكىيۇنىنىڭ قەيسەرلىكى ، قورقماسلىقى ، پولات-
تەك چىداملىقلىقى ، دۈشمەنگە بولغان ئۆچمەنلىكى ۋە دۈشمەننى
مەنسىتمەسلىكى ، شۇنىڭدەك ھەر قانداق قىيناش ۋە خورلاشلارغا
تىز پۈكمەيدىغان چىڭ ئىرادىلىك پەزىلىتى ياشلارنى تەربىيىلەشتە
مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە .

此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

# كىرىش سۆز

«كۆكيۇن» ئىرېلاندىيە ئايال يازغۇچىسى ئې . ل . ۋوينىچ-
نىڭ رومانى ، 1897-يىلى ئەنگلىيىدە نەشر قىلىنغان . 1953-
يىلى يولداش لى لياڭمىن ئىنگلىزچە ئەسلىي نۇسخىسىغا ئاسا-
سەن ، شۇنىڭدەك رۇسچە ئىككى خىل تەرجىمە نۇسخىسىدىن پايدى-
لىنىپ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلدى . بۇ ئەسەر ئېلىمىزدە نەشر
قىلىنغاندىن كېيىن كەڭ ياشلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى .

«كۆكيۇن»دە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن دەۋر ئۆتكەن ئەسىردىكى
ئىتالىيە خەلقى ئېغىر ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە قالغان دەۋر .
ئاۋستىرىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ قۇل قىلىشى ئاستىدا ، ئىتالىيە نۇر-
غۇن كىچىك دۆلەتلەرگە پارچىلىۋېتىلدى . ئىتالىيىنىڭ ئىرادىلىك
ۋەتەنپەرۋەرلىرى ۋەتەن بىرلىكى ۋە مىللىي مۇستەقىللىق ئۈچۈن
كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ ، كۈرەشنى ئەۋج ئالدۇردى ، ئىنقىلاب بورىنى
ئادرىياتىك دېڭىزىدىكى بۇ يېرىم ئارال دۆلىتىگە يامرىدى .

كۆكيۇن مانا شۇ كۈرەش ئىچىدىكى بىر قەھرىمان . ئەسەردە
كۆكيۇننىڭ پۈتۈن ھاياتىدىكى كەچۈرمىشلىرى ۋە سەرگۈزەشتىلى-
رى ئارقىلىق ، بۇرژۇئازىيە سىنىپىغا تەۋە بىر ياشنىڭ زۇلمەت-
لىك ، پاسكىنىچىلىق ، ئالدامچىلىق ۋە ساختىلىققا تولغان رېئال-
لىق ساۋۇقى ئارقىسىدا ، ئۆزى ئېتىقاد قىلغان خۇداغا ۋە سىنىپقا
ئاسىيلىق قىلىپ ، ئىنقىلاب قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ ، ئوتتەك كۈ-
رەش ئىچىگە بېرىپ چېنىقىپ ، ئىتالىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش
ۋە مۇستەقىل قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان بىر ئىنقىلابچىغا
ئايلانغانلىقىدىن ئىبارەت ئوبرازى يارىتىلغان . كۆكيۇندىن ئىبا-
رەت بۇ شەخس ئاپتور توقۇپ چىققان قەھرىمان بولسىمۇ ، لېكىن
ھەقىقەتەن شۇ چاغدىكى ئىتالىيىنىڭ تارىخىي مۇھىتىدا ياشىغان
ۋە ھەرىكەت قىلغان بىر ئادەم ، ئىتالىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش

ئۇچۇن تىرىشىپ كۈرەش قىلغان ئىرادىلىك ئىنقىلابچىلارنىڭ بىرى ئىدى.

«كۆكۈيۈن» دېگەن بۇ كىتابنى ۋە كۆكۈيۈن دېگەن بۇ شەخسنى توغرا چۈشىنىش ئۈچۈن، ئاشۇ يىللاردىكى ئىتالىيىنىڭ تارىخىي مۇھىتىنى ئېنىق بىلىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، ئىتالىيىنىڭ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ۋە 30 ـ يىللاردىن 40 ـ يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتىكى يىللىرىنى ئەسلىمەي ئۆتەلمەيمىز.

18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ناپولېئون ئىتالىيىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دائىرىسىگە قوشۇۋالدى. ناپولېئون تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن، ياۋروپادىكى بىر نەچچە چوڭ دۆلەتنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلىرى يەنىلا ئىتالىيە خەلقىنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلىدى. 1815 ـ يىلىدىكى ۋېنا يىغىنىدا، ئۇلار ئىتالىيىنى نۇرغۇن كىچىك دۆلەتلەرگە پارچىلىۋېتىپ، بىر قىسمىنى ئاۋسترىيە ئىمپېرىيىسىگە بۆلۈپ بەردى. باشقا كىچىك دۆلەتلەرنىڭمۇ كۆپچىلىكى بىۋاسىتە ۋە ۋاسىتىلىك ھالدا ئاۋسترىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ كونتروللۇقىدا بولدى.

1818 ـ يىلى، ئاۋسترىيە ئىمپېرىيىسى لومباردىيە ۋە ۋېنېتسىيىنى ئىشغال قىلدى، ئارقىدىنلا ۋېنا يىغىنى بۇ ئىشغال قىلىشنى ئېتىراپ قىلدى، توسكان، مودېن ۋە پارمادىن ئىبارەت ئۈچ بەگلىك ھۆكۈمرانلىرى ئاۋسترىيە خان جەمەتى بىلەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىق مۇناسىۋەت ئورناتتى. رىم پاپاسى باشچىلىقىدىكى كاتولىك دىنى جەمئىيىتى ئاۋسترىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئوچۇق ـ ئاشكارا ئىتتىپاقچىسى ئىدى. قۇدرەتلىك ئاۋسترىيە ئىمپېرىيىسى تامامەن دېگۈدەك پۈتكۈل ئىتالىيىنىڭ خوجايىنى بولۇۋالدى.

ئىتالىيىنىڭ خان ـ پادىشاھلىرى چەكسىز ھوقۇققا ئىگە ئىدى، ئىتالىيىنىڭ ھەر قايسى بەگلىكلىرىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى خەلق ئۇلارنىڭ ۋە چوڭ ـ كىچىك فېئودال ـ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ دەھشەتلىك زىيانكەشلىكىگە ھەم زۇلمىغا ئۇچرايتتى، ئۇلار ئۆز ئېلىدىكى خەلقنى ئېزىدىغان ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدى-

غان بىر توپ زالىملار ئىدى . ئۇلار مەملىكەت ئىچىدە ساقچى تۈزۈمى ئورناتتى ، پاپا ۋە ئۇنىڭ دىنىي جەمئىيىتى ئاۋسترىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ۋە بۇ فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ قورالى ۋە قولچومىقى بولدى . شۇنىڭ بىلەن ئىتالىيە خەلقى تېخىمۇ ئېغىر ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە ئۇچرىدى .

ناپولېئون تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن ، پاپا چوڭ پومېشـ. چىكلارنىڭ فېئوداللىق ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى . پاپاغا تەۋە جايلار تۆت دىنىي مەمۇرىي رايونغا بۆلۈندى ، بۇ رايونلارغا تەيىنلەنـ. گەن ئېپىسكوپلار پاپاغا ۋاكالىتەن ھۆكۈمرانلىق قىلدى ، رىم شەھىرىنى باش روھانىي كاردىنال باشقۇردى ، ئۇ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە پايتەختنىڭ ساقچى باش نازارەتچىسى ئىدى . پاپاغا قاراشلىق جايلاردا ، ئۇنىۋېرسىتېتلاردا يەر شارىنىڭ ئايلىنىدىغانـ. لىقى توغرىسىدا سۆزلىشىشكە يول قويۇلمايتتى ، كۆمۈر گازى ئىشلىتىش قانۇن جەھەتتە قەتئىي مەنئى قىلىنغانىدى ، ھەتتا كىـ. شىلەرنىڭ چېچەك چەكتۈرۈشىگە ۋە سېرك ئويۇنىشىغىمۇ يول قويۇلمىغانىدى...

ئاۋسترىيە تاجاۋۇزچىلىرى ، پاپا ۋە فېئودال ھۆكۈمرانلاردىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تاغ ئىتالىيە خەلقىنىڭ شىللىسىدىن بېسىپ ، ئىتالىيە خەلقىنى ۋەھشىيلەرچە ئاياغ ئاستى قىلدى .

ئىتالىيە خەلقى ۋە ئىرادىلىك ۋەتەنپەرۋەرلەر مۇنداق مۇستەـ. بىت ھۆكۈمرانلىققا ۋە چەتتىن كەلگەن تاجاۋۇزچىلارنىڭ زۇلمىغا چىداپ تۇرالمىدى ، ئۇلار فرانسۇزلار ئىشغال قىلغان دەۋردىلا مەخپىي تەشكىلات ئۇيۇشتۇرۇپ ، قوزغىلىپ تاجاۋۇزچىلارنىڭ ھۆـ. كۈمرانلىقىغا قارشىلىق كۆرسەتتى ، بۇ تەشكىلات ئەزالىرى ئۆزلىـ. رىنى كاربونارلار (كۆمۈر كۆيدۈرگۈچىلەر) پارتىيىسىدىكىلەر دەپ ئاتىدى . نېمە ئۈچۈن كاربونارلار پارتىيىسى دەپ ئاتالدى ؟ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى ، بۇ پارتىيىنىڭ ئەزالىرى نېئاپولنىڭ جەنۇـ. بىدىكى تاغ ئورمانلىرىدا كۆمۈر كۆيدۈرگۈچىلەر قىياپىتىگە كىرىـ. ۋېلىپ ، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارنىڭ تۇتقۇن قىلىشىدىن ئۆزلىـ.

ـرىنى قاچۇرغانىدى، شۇڭا شۇ نام بىلەن ئاتالدى. كاربونارلار پارتىيىسىدىكىلەر نۇرغۇن گۇرۇپپىلارغا تەشكىللەنگەن بولۇپ، بۇ گۇرۇپپىلار «فېنتې» دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئاۋستر- يە تاجاۋۇزچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىش ۋە ئىتالىيە پادىشاھ - خانلىرىنىڭ ھوقۇقىنى چەكلەش ئىدى.

1820 - 1821 - يىللار مەزگىلىدە، مەخپىي كاربونارلار پارتىيىسى «فېنتې»نىڭ ئەڭ دەسلەپكى قوزغىلىڭى پارتلىدى، ئون يىلدىن كېيىن يەنە قوزغىلاڭ ئوتلىرى ياندى، لېكىن بۇ قوزغىلاڭلار ئاۋسترىيە تاجاۋۇزچىلىرى تەرىپىدىن رەھىمسىزلەرچە بېسىقتۇرۇلدى. 1830 - يىلى، ئىتالىيە دائىرىلىرى ياش كاربو- نار مادزىنىنى چەت ئەلگە سۈرگۈن قىلدى. بىر يىلدىن كېيىن، مادزىنى فرانسىيىدىكى مارسېلدا «ياش ئىتالىيە» دېگەن مەخپىي تەشكىلاتنى ئۇيۇشتۇردى.

«ياش ئىتالىيە» پارتىيىسىنىڭ مەقسىتى ئىتالىيىدە بىرلىككە كەلگەن ۋە مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت قۇرۇش ئىدى. ئۇ ئاسترىيە تاجاۋۇزچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىش بىلەنلا قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقتتا، ئىتالىيە مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنىمۇ ئاغدۇرۇپ تاشلىماقچى ئىدى.

مادزىنى «قانۇن، خۇدا ۋە ئىنسانىيەت نامىدىن» ئىتالىيە خەلقىنى ئىتتىپاقلىشىشقا چاقىردى. لېكىن، مادزىنى ۋە ئۇنىڭ مۇخلىسلىرى خەلقنى چۈشەنمەيتتى، كەڭ خەلق بىلەن ئالاقىمۇ باغلىمىدى، ئۇلارغا تايانمىدى. ئەينى زاماندا ئىتالىيە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ كۈچى ناھايىتى ئاجىز بولسىمۇ، لېكىن ئىتالىيە دېھ- قانلىرى غايەت زور ئىنقىلابىي كۈچ ئىدى. ياش ئىتالىيە پارتىيە- سى كەڭ دېھقانلارنى ئىنقىلاب تەرەپكە جەلپ قىلىپ، ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ جۇمھۇرىيەت قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى زۆرۈر ئىدى. ئەمما مادزىنىلار يەنىلا ئىلگىرىكى كاربونارلارغا ئوخشاش كىچىك ئىنقىلابىي تەشكىلاتلارنى ئۇيۇشتۇرۇش چارىسىنى قوللى- نىپ، سان - ساناقسىز قوزغىلاڭلارنى ئېلىپ باردى، تەسەۋۋۇر

قىلغىلى بولىدۇكى، مادزىنى ئۇيۇشتۇرغان نەچچە ئون قېتىملىق قوزغىلاڭلار مۇقەررەركى، كۈچلۈك دۈشمەن تەرىپىدىن قانغا پاتۇرۇلۇشتىن باشقا نەتىجىگە ئېرىشەلمەيتتى. ئۇلۇغ ئۇستاز ماركس مادزىنىنىڭ ئىتالىيە دېھقانلىرىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى تەنقىد قىلىپ، ئۇنى «شەھەرنىلا بىلەتتى، شەھەردىكى لىبېرال ئاقسۆڭەكلەر ۋە بىلىملىك پۇقرالارنىلا بىلەتتى» دېگەنىدى.

ئەمەلىيەت دەل ئاشۇنداق بولدى. 1833 - يىلى مادزىنىچىلاردىن ئاكا - ئۇكا رۇفىنىلارنىڭ گېنۇيادىكى قوزغىلىڭىمۇ دەھشەتلىك تۈردە بېسىقتۇرۇلدى، ئاكا - ئۇكا رۇفىنىلاردىن بىرى تۈرمىدە ئۆزىنىڭ كۆك تومۇرىنى كېسىۋېتىپ ئۆلۈۋالدى. شۇ يىلى توسكاندا ئىنقىلابچىلارنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىدىكى دەسلەپكى سىنىقى ئاۋستىرىيىنىڭ يولىيورۇقىغا بىنائەن، چوڭ گېرتسوگ لېئوبولد II تەرىپىدىن بىتچىت قىلىندى، بۇ ۋەقە «كۆكۈيۈن» رومانى بىرىنچى قىسمىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى.

40 - يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، كاپىتالىزم ئىتالىيىدە راۋاج تاپقانلىقتىن، لىبېرال بۇرژۇئازىيىنىڭ دۆلەتنى يەنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەرىكىتى كۈچەيدى. 1846 - يىلى باشلانغان، ياۋروپادىكى ھەر قايسى ئەللەردە پەيدا بولغان ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي بوھرانمۇ ئىتالىيىنى قاپلىدى. بۇ چاغدا راۋاجلىنىۋاتقان كاپىتالىزم بىلەن فېئودال كۈچلەر ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا بولدى ۋە بارغانسېرى كەسكىنلەشتى. 1846 - يىلى پاپا گرىگورى ۋاپات بولدى. بۇ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران ئاخىرقى يىللىرىدا دۆلەتنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئۆزى ئىشىنىپ كەتكەن چوڭ ئېپىسكوپ لامبۇرۇچىنىغا تاپشۇرغانىدى، خەلقنى بېسىقتۇرۇشتا نامى چىققان لامبۇرۇچىنى خەلقنىڭ ۋە كەڭ ئىجتىمائىي زاتلارنىڭ قاتتىق غەزەپ - نەپرىتىگە ئۇچرىغاچقا، پاپا ئوردىسى كاردىناللىرى يىغىنى نائىلاج ئەركىنلىككە مايىل ۋە ئابرۇيلۇق كاردىنال ماستەي فېلىپتنى يېڭى پاپا قىلىپ سايلىدى ۋە شۇ ئارقىلىق پاپا بىلەن ئىتالىيە خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى پەسەيتمەكچى بولدى، پىي IX

دېگەن ئەنە شۇ .

پىي IX تەختكە چىققاندىن كېيىن بەزى ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى قوللاندى ، ئومۇمىي كەچۈرۈم ئېلان قىلىپ ، قىسمەن سىياسىي جىنايەتچىلەرنى قويۇۋەتتى ، نەشر قىلىنىدىغان نەرسىلەرنى تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى بىكار قىلدى ، ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلىشقا رۇخسەت قىلدى . شۇنىڭ بىلەن خېلى نۇرغۇن ئادەملەر بۇ شېرىن سۆزلەرگە ئالدىنىپ ، ئەركىن ئىتالىيە قۇرۇش ئۈمىدىنى ئۇنىڭغا باغلىدى .

مانا بۇ «كۆكۇيۇن» نىڭ ئىككىنچى ، ئۈچىنچى قىسمىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ، شۇنىڭدەك ئىتالىيىنىڭ ئەينى زاماندىكى تارىخىنىڭ ئاساسىي ۋەزىيىتى . ۋوينىچ ئەنە شۇ تارىخقا ئاساسەن «كۆكۇيۇن» رومانىنى يازغان .

ۋوينىچ «كۆكۇيۇن» رومانىدا ، كۆكۇيۇندىن ئىبارەت مۇشۇنداق جانلىق ۋە ئىرادىلىك ۋەتەنپەرۋەرنىڭ ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتتى . بۇ ئوبراز 19 - ئەسىرنىڭ 30 - ، 40 - يىللىرىدىكى ئىتالىيە ئىنقىلابچىلىرىنىڭ تىپى . ئەسەردە كۆكۇيۇننىڭ پۈتۈن ھاياتىدىكى كەچۈرمىشلىرى ۋە سەرگۈزەشتىلىرى ئارقىلىق ، بىر بۇرژۇئازىيە بەگزادىسىنىڭ زۇلمەتلىك ۋە ئىپلاس رېئاللىق ساۋىقى ئارقىسىدا ئويغىنىپ ، ئوتتەك كۈرەش ئىچىگە ئاتلىنىپ ، مۇستەھكەم ، قەيسەر جەڭچى بولۇپ قالغانلىقى يېزىلغان .

كۆكۇيۇننىڭ جەڭگىۋار مۇساپىسى ئەينى زاماندىكى ئىتالىيە خەلقىنىڭ جەڭگىۋار مۇساپىسى ، كۆكۇيۇننىڭ ئىرادىسى ۋە غايىسى ئەينى زاماندىكى ئىتالىيە خەلقىنىڭ ئىرادىسى ۋە غايىسى ، كۆكۇيۇندىن ئىبارەت بۇ تىپ ئەينى زاماندىكى ئىتالىيە ئىنقىلابچىلىرىنىڭ تىپى . كۆكۇيۇن ئىتالىيە خەلقىنى ئازاب - ئوقۇبەتتىن قۇتقۇزۇش يولىدا ئۆمۈر بويى باتۇرانە كۈرەش قىلدى .

كۆكۇيۇن خەلققە بولغان قىزغىن مۇھەببىتى ۋە دۈشمەنگە بولغان غەزەپ - نەپرىتى ، ئىتالىيىنىڭ بىرلىكى ۋە ئەركىنلىكىگە بولغان تەشنالىقى ؛ دۈشمەنگە قارشى قەتئىي تىز پۈكمەي كۈرەش



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

قىلىش روھى ۋە ھەققانىيەت ئىشلىرىنىڭ چوقۇم غەلىبە قىلىشىغا بولغان تولۇپ تاشقان ئىشەنچى ؛ بۇ ئىشقا بولغان چەكسىز ساداقىتى ۋە ئۆلۈمدىن قورقماي مەردلەرچە قۇربان بولۇشتەك قەھرىمانلىقى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرىدۇ. ۋوينىچ ئەينى زامانىدىكى ئىتالىيىنىڭ تارىخىي رېئاللىقىنى خېلى چوڭقۇر چۈشەنگەچكە ۋە ئۇنى پېرسوناژلار پائالىيىتى ھەم ھېسسىياتى بىلەن گەۋدىلەندۈرگەچكە ، ئىنقىلابىي قەھرىمانلىق ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىككە تولۇپ تاشقان مۇشۇنداق ھەقىقىي ئەسەرنى يارىتالىدى ، شۇنىڭدەك ئىتالىيە مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى جەريانىدىكى كۆكيۇندەك ئىنقىلابچىنىڭ ئوبرازىنىمۇ جانلىق يارىتالىدى ، بۇ شەخس ئارقىلىق ئىتالىيە خەلقىنىڭ مۇستەقىللىق ۋە ئەركىنلىك يولىدا كۈرەش قىلغان ئىنقىلابىي جاسارىتىنى ھەقىقىي تۈردە ئەكس ئەتتۈردى .

ئارتۇر ئىنقىلابقا قاتناشقان دەسلەپكى چاغلاردا بالىلارچە ساددا ئويلاردا بولىدۇ ، ئۇنىڭ ئىتالىيە ئەكسىيەتچى كۈچلىرىگە بولغان تونۇشى ئېنىق بولمايدۇ ، ھەتتا ئۆزىنىڭ روھانىي پەدەرىنىڭ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ، ئىنقىلابىي پارتىيىدىكىلەرگە باشلامچىلىق قىلىپ ، ئىتالىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىنى تەشنالىق بىلەن كۈتىدۇ . ئەمەلىيەت قانداقلا بولسۇن ، رەھىمسىز ، توۋا قوبۇل قىلىدىغان روھانىينىڭ جاسۇسلۇق ھەرىكىتى ۋە ئۇ بەك قايىل بولۇپ چوقۇنىدىغان پەدەرى مونتانېللىنىڭ رەزىل ئالدامچىلىقى ئۇنىڭ خۇدا ھەققىدىكى خام خىياللىرىنى بىتچىت قىلىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ دىنىي جەمئىيەتكە قارشى كۈرەش قىلىش يولىغا ماڭىدۇ .

«كۆكيۇن» رومانىغا باشتىن ـ ئاياغ دىنىي جەمئىيەتكە قارشى روھ سىڭدۈرۈلگەن . ئاپتور نۇرغۇن سەھىپە بىلەن كاتولىك دىنىنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى پاش قىلىپ ، ئوقۇرمەنلەرگە كاتولىك دىنىي جەمئىيىتىنىڭ ئىتالىيە ئىنقىلابىنىڭ پۇتلىكاشىڭى ئىكەنلىكىنى ئوبرازلىق ھالدا ئۇقتۇرىدۇ . ئاپتور كۆكيۇننىڭ تىلى ئارقىلىق ئاۋستىرىيە تاجاۋۇزچىلىرىدىن تاشقىرى ، ئۆزىنىڭ

ئەڭ چوڭ دۈشمىنى كاتولىك دىنىي جەمئىيىتى ئىكەنلىكىنى ئېيت-
تىدۇ. ئۇ، بارلىق قالايمىقانچىلىق ۋە خاتالىقلارنىڭ مەنبەسى —
ئاتالمىش دىن، ئۇ، بىر روھىي كېسەللىك، بۇنى تۈپ يىلتىزىدىن
يوقىتىش لازىم، دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇ بەدىئىي كۈچ ئارقىلىق
كاتولىك دىنىنىڭ ساختىلىقى ۋە ئالدامچىلىقىنى، ئىتالىيىدىكى
بارلىق روھانىيلارنىڭ ياكى جاسۇسلار، ياكى غالچىلار ئىكەنلىكى-
نى، ئۇلارنىڭ يالغان سۆزلەشكە ئادەتلەنگەنلىكىنى، ئىتالىيە خەل-
قىنى يالغان سۆزلەر بىلەن ئالداپ بىخۇدلاشتۇرغانلىقىنى، ئەمەلى-
يەتتە ئۇلار ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارنىڭ بىر توپ قولچوماقلىرى
ئىكەنلىكىنى كىشىنى قايىل قىلارلىق ھالدا پاش قىلىدۇ. شۇڭا،
كۆكۈيۈن پۈتۈن ھاياتىدىكى بارلىق كۈچ - قۇۋۋىتى بىلەن خەلق-
نىڭ ئېڭىنى ئويغىتىپ، دىنىي جەمئىيەتكە ۋە سالاپەتلىك جاللات
روھانىيلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ.

«كۆكۈيۈن» رومانىدا نېمە ئۈچۈن تىغ ئۇچى روھانىيلارغا
قارىتىلغان؟ 19 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىن 40 - يىللىرىغى-
چە، ئىتالىيە بۇرژۇئازىيىسى دېموكراتىك ئىنقىلاب ئېلىپ بې-
رىپ، بىرلىككە كەلگەن، مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت قۇرۇش ئۈچۈن
ئاۋسترىيە تاجاۋۇزچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىشى، مەملىكەتنى ئىچى-
دىكى پادىشاھلارنى ۋە دىنىي جەمئىيەت ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ
تاشلىشى زۆرۈر ئىدى. ئاۋسترىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ۋە ئۆز ئېلى-
دىكى فېئودال پادىشاھ - خانلارنىڭ رەھىمسىزلىكى ۋە ئەكسىيەت-
چىلىكى ھەممىگە ئايان ئىدى؛ دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئەكسىيەتچىلى-
كى بەكمۇ يوشۇرۇن بولغاچقا، نۇرغۇن كىشىلەردە ئۇنىڭغا نىسبە-
تەن خام خىيال مەۋجۇت ئىدى. كۆپ ئەسىرلەر مابەينىدە، دىن
ھامان خەلقنىڭ جەننەتكە بولغان ئارزۇسىدىن پايدىلىنىپ، ساختا،
يالغان - ياۋىداق سۆزلەرنى تارقىتىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ئەكسى-
يەتچى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ قورالى ئىكەنلىكىنى، كەڭ خەلق-
نى دەھشەتلىك تۈردە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان ۋە ئېزىدىغانلىقى-
دىن ئىبارەت ماھىيىتىنى يوشۇرۇپ كەلدى. رىم پاپاسى باشچىلى-

قىدىكى كاتولىك دىنىي جەمئىيىتى ئاۋسترىيە تاجاۋۇزچىلىرى ۋە ئىتالىيە فېئودال بەگ ـ تۆرىلىرىنىڭ ، شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ مەنپە-ئىتى ئۈچۈن ئىتالىيىنىڭ بىرلىكى ۋە ئەركىنلىكىگە جاھىلانە قارشى تۇردى . بۇنى بارلىق ئىتاليانلار چۈشىنىپ كېتەلمەيتتى ، شۇڭا ئىتالىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ، ئاۋسترىيە تاجاۋۇزچىلى-رىنى قوغلاپ چىقىرىش ، ئىتالىيىدىكى چوڭ ـ كىچىك فېئودال ھۆكۈمرانلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن ، دىنىي جەمئىيەتنىڭ ياۋۇز ئەپت ـ بەشىرىسىنى پاش قىلىپ ، ئۇنىڭ رەزىل قىياپىتىنى خەلقئالەم ئالدىدا سازايى قىلىش زۆرۈر ئىدى . ئاپتورنىڭ ئۆتكۈر قەلەم بىلەن روھانىيلارنى پاش قىلىشتىكى مەقسىتى ئەنە شۇنىڭ-دىن ئىبارەت .

ئاپتور يەنە ساپالاردا ئولتۇرۇپ ، مەززىلىك مەي ـ شارابلار ئىچىپ ، «ۋەتەنپەرۋەرلىك» ھەققىدە ھەدەپ گەپ ساتىدىغان لىبې-رال ـ سىياسەتۋازلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن مەسخىرە قىلىدۇ ، ئۇلارنىڭ «خۇدا ۋە ئىتالىيە» دېگەن شۇئارغا سەجدە قىلىدىغانلىقى-نى مەسخىرە قىلىدۇ ، ئۇلارنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى «سالماقلى-قى» ۋە «ئېھتىياتچانلىقى»نى قامچىلاپ ، ئۇلارنىڭ قوزغىلاڭغا نىسبەتەن قورقۇنچ ئىلكىدە قالغانلىقىنى ؛ چالا ـ بۇلا ، ھېچكىممۇ تېگەلمەيدىغان ئاز ـ تولا ماقالىلەرنى يېزىپ ، جامائەتنى ئالداپ ، نام ـ ئاتاققا ئىگە بولۇۋالغانلىقىنى پاش قىلىدۇ . چوڭ ئادۋوكات گراسسىنى ئەنە شۇنداق تىپ . ئۇ چاكىنا سۆزلەر بىلەن مودا بولۇپ قالغان «ۋەتەنپەرۋەرلىك» ھەققىدىكى سۆزلەرنى ئارىلاشتۇرۇۋې-لىپ ، شۇنىڭ بىلەن نام ـ ئابروي قازىنىشنىلا بىلىدۇ ، ئۇنىڭ نادان ۋە ھاماقەت رەپىقىسى كۆن بويى «بىچارە قۇل ئىتالىيە» ، «بەختسىز ۋەتىنىمىز» دېگەندەك قۇرۇق گەپلەر بىلەن ئۆزىنى بېزەيدۇ ، يازغۇچى ئۇلارنى كاتولىك دىنىنىڭ بويىنىنى قۇچاقلاپ ئەرز ئېيتىۋاتقان ۋە زار يىغلاۋاتقان بىر «يانچۇقچى»نىڭ ئۆزىنىڭ ھەميانىنى يەنە بىر يانچۇقچىغا ئوغرىلىتىپ قويغان ئىنقىلاب سېپى-دىكى «مەست»لەرگە ئوخشىتىدۇ . مۇنداق پاش قىلىش ۋە مەسخى-

ـرە قىلىشتىن مەقسەت ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەدەپ گەپ سېتىشقا مەستانە بولۇپ كېتىپ ، ئەمەلىي ئىش قىلمايدىغان كىشىلەرنى ئويغىتىپ ، ئۇلارنى ئىنقىلابىي كۈرەش ئىچىگە بېرىپ ، ئاز ـ تولا ئەمەلىي ئىش قىلىشقا دەۋەت قىلىشتىن ئىبارەت .

كۆكۈيۈن دۈشمەنگە نىسبەتەن رەھىمسىز ۋە مۇرەسسەسىز . ئىنقىلاب خام خىيال ئەمەس ، بەلكى دەھشەتلىك كۈرەش . ئۇ كاردىنىڭ چېقىمچىلىقى ، مونتانېللىنىڭ ئالدامچىلىقىدىن ؛ پاسكىـنا پاھىشىخانىدا چىنە ـ قاچا يۇيۇش ، دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئات باقار بولۇش ، سېرك ئۆمىكىدە خورلىنىشىدىن ؛ ئاۋستىرىيە تاجاـۋۇزچىلىرىنىڭ زۇلمى ۋە قۇل قىلىشىدىن ؛ فېئودال بەگ ـ تۆرىـلەرنىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقىدىن ، قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىش زۆرۈرلۈكىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى چۈشىنىۋالدى . «مەن ئۆلتۈرىمەن··· چاشقان ئۆلتۈرىمەن» . ئاددىي ۋە چوڭقۇر بۇ بىر ئېغىز گەپ ئۇنىڭ دۈشمەنگە بولغان پۈتۈن غەزەپ ـ نەپرىتى ۋە ئۆلسىمۇ تىز پۈكمەيدىغان روھىنى ئىپادىلەيدۇ . ئۇنىڭ رەھىمسىز زەربىگە ، جىسمانىي جەھەتتىكى قىيناش ، روھىي جەھەتتىكى ھاقاـرەتلەرگە بەرداشلىق بېرىپ ياشاپ قېلىشىدىكى سەۋەب ، دەل ئۇنىڭ ئاۋستىرىيە تاجاۋۇزچىلىرى ، ئىتالىيىنىڭ فېئودال زالىم پادىشاھـلىرى ۋە كاتولىك دىنىنىڭ روھانىيلىرىدىن ئىبارەت بۇ «چاشقان» لارنى ئۆلتۈرۈپ ، ئازاب ـ ئوقۇبەت چېكىۋاتقان ئىتالىيە خەلقىنى دۈشمەننىڭ دەپسەندە قىلىشىدىن ئازاد قىلىشنى مەقسەت قىلغانلىـقىدۇر . شۇڭا ، ئۇ ئۆلۈمگە پسەنت قىلماي ، ئۆلۈش ئالدىدا دۈشـمەننى مەسخىرە قىلىپ كۈلىدۇ ، «زېمىنىغا ئەتكەسچىلىك يولى بىلەن قورال ـ ياراغ توشۇغانلىقى ئۈچۈن ، ھۆكۈمەتنىڭ بېشىنى سېلىشىنى ھەرگىزمۇ ئويلىمايدۇ» . كۆكۈيۈننىڭ تۈرمىدە ئېلىپ بارغان كۈرىشى دۈشمەنگەن بولغان غەزەپ ـ نەپرىتىنى ، دۈشمەننى مەنسىتمەيدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ تىز پۈكمەيدىغان قەھرىمانلىق روـھىنى كۆرسىتىدۇ ؛ ئۇنىڭ مەردلەرچە قۇربان بولغانلىقى ھەققىدىـكى تەسۋىرلەر كىشىدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن يۈكسەك ھۆرمەت ھېسـ

سىياتى پەيدا قىلىدۇ . ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا جېمماغا مۇنداق دەپ خەت
يازىدۇ : «ئەتە ئەتىگەن سەھەر پەيتىدە مېنى ئېتىشىدۇ . ئەگەر
سىلەر — تىرىك قالغانلار بىر - بىرىڭلارنى قوللاپ - قۇۋۋەتلى-
سەڭلار ، دادىل ھەرىكەت قىلساڭلار ، ئۇلۇغ ھادىسىلەرنى كۆرىسى-
لەر . كىچىك بالا بايرام كۈنى ئۆيىگە قانداق يۈگۈرسە ، مەنمۇ ئەنە
شۇنداق خۇشاللىق بىلەن ھويلىغا چىقىمەن . ئىشىنىڭ ئۆز زىممەمگە
چۈشكەن ھەسسىسىنى بېجىردىم ، ئۆلۈم ھۆكمى بولسا ھەسسەمنى
ھالال بېجىرگەنلىكىمنى بىلدۈرىدۇ . ئۇلار مەندىن قورقىدۇ ، شۇ-
نىڭ ئۈچۈن مېنى ئۆلتۈرىدۇ . ئادەم بالىسى بۇنىڭدىن ئارتۇق
نېمىنىمۇ ئارزۇ قىلاتتى ؟ » بۇ نېمىدېگەن جۇشقۇن ، مەردانە
سادا - ھە ! مۇنداق ئۆز غايىسىگە ، ئىتالىيىنىڭ ئازادلىق ئىشىغا
سادىق بولغان ؛ خەلق ئۈچۈن ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە بەرداشلىق
بېرىپ ، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى قۇربان قىلغان روھ نەقەدەر ئالىيجاناب
روھ - ھە !

«كۆكيۈن» مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان رومان ، بۇنىڭدا قىلچە
شەك - شۈبھە يوق . لېكىن ، ئۇ قانداقلىكى بولسۇن ، بىر بۇرژۇئا
يازغۇچىسى بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابىنى تەسۋىرلىگەن ئەسەر ،
ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئاساسىي تېمىنىڭ تارىخىي چەكلىمى-
سى تۈپەيلىدىن ، شۇنىڭدەك ئاپتورنىڭ بەزى تارىخىي ئىدېئالىس-
تىك نۇقتىئىنەزىرى قېتىلىپ كەتكەنلىكتىن ، روماندىكى ئاساسىي
قەھرىماننىڭ ئىجتىمائىي ئىنقىلابنىڭ مەنبەسى ۋە ئىنقىلابنى مۇ-
ۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرۈشنىڭ ئۇسۇلى توغرىسىدىكى قارىشى توغرا
ئەمەس . ئىجتىمائىي بالايىئاپەتنىڭ مەنبەسى نېمە ؟ جېممانىڭ قارى-
شىچە ، «ئىنسانلار ھاياتىنىڭ قىممىتىگە يېتەرلىك ئېتىبار قىل-
ماسلىق» ياكى «ئادەمگەرچىلىكنىڭ مۇقەددەس ئىكەنلىكىگە يېتەر-
لىك ئېتىبار قىلماسلىق» ؛ كۆكيۈننىڭ قارىشى بولسا ، «بارلىق
قالايمىقانچىلىق ۋە خاتالىقلارنىڭ چوڭ مەنبەسى — ئاتالمىش ‹دى-
نىي› روھىي كېسەللىك» تىن ئىبارەت . روشەنكى ، بۇ سىنىپىي
نۇقتىئىنەزەر ۋە سىنىپىي تەھلىل ئۇسۇلى ئەمەس . شۇڭا ، ئۇلار

تارىخقا ماتېرىيالىستىك نۇقتىئىنەزەر بىلەن قارىيالمىغاچقا، مۇ-
قەررەر ھالدا مۇشۇنداق قالايمىقان خۇلاسىگە كېلىدۇ. ئىنقىلابنى
غەلىبىگە قانداق ئېرىشتۈرۈش مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇ ئۇششاق
قول سانائەتچىلەر، ئىشچىلار، شەھەر كەمبەغەللىرى ۋە پومېش-
چىكلار تەرىپىدىن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىدىغان ھەم ئېزىلىدىغان
كەڭ دېھقانلارغا تايانمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن سىنىپىي كۈچ ۋە
مەدەت ئىزدىمەيدۇ، بەلكى يوشۇرۇن سۇيىقەستچىلىك ئۇسۇلى،
تېررورلۇق ۋاستىسىگە تايىنىدۇ ياكى ئاممىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ
«تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش، يەنە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش، تەشۋىقات
پىشىپ يېتىلگەندە، ئاشكارا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش...» ۋەھاكازالارغا
تايىنىدۇ، ئۇلار ئامما ئارىسىغا بېرىپ جاپالىق، ئىنچىكە ئىنقىلا-
بىي تەشۋىقاتچىلىق خىزمىتى ئېلىپ بېرىش، يەنى ئاممىغا تەشۋىق
قىلىش، ئاممىنى تەشكىللەش، ئاممىنى قوراللاندۇرۇش، ئاممىغا
چىڭ تايىنىش ئارقىلىق كۈرەشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش-
نى خالىمايدۇ، شۇنداق قىلىش كېرەكلىكىنىمۇ چۈشەنمەيدۇ،
بەلكى نارودنىكلاردەك كەڭ ئاممىدىن ئايرىلىپ، شەخسكە ياكى ئاز
سانلىق ئىنقىلابچىلارغا تايىنىپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالماقچى بولى-
دۇ، تېررورلۇق بىلەن يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ياكى قارىغۇلارچە
قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىپ، مادزىنىنىڭ خاتالىقىنى
تەكرارلايدۇ. كۆكويۇن قوللانغان مۇنداق يوشۇرۇن سۇيىقەستچى-
لىك ھەرىكەت ئۇسۇلى ئىنقىلابىي ھەرىكەت پىشىپ يېتىلمىگەن
دەۋرنىڭ مەھسۇلاتى، مۇنداق ئۇسۇلنى تارىخ ئىنكار قىلدى. شۇن-
داق بولسىمۇ، ئىتالىيە مۇستەقىللىق ھەرىكىتى جەريانىدىكى بۇ
جەڭچىنىڭ شانلىق ئوبرازى ئىپادىلىگەن ئالىيجاناب روھ يەنىلا
كىشىنى قايىل قىلىدۇ.

ئەسەرنىڭ مۇتلەق كۆپ سەھىپىسىدە كۆكويۇننىڭ شەخسىي
رولى تەكىتلەنگەن، خەلق كۈچى ھەقىقىي تۈردە تەسۋىرلەنمىگەن،
كىتابتا خەلق ئاممىسى ئىچىدىن چىققان بىرمۇ قەھرىمان ئوبرازى
يوق. ئەمگەكچى خەلق بۇ رومانىنىڭ باش قەھرىمانى ئەمەس. تارى-



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com